شىنجاڭ گېزىتى

2020-يىل 5-ئاي
2
شەنبە
维吾尔文 5 月2日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25049-سان بۈگۈن 4 بەت

«ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ياخشى تۇتۇپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش

1-پەسىلدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى سىجىل ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلدۇ: 1-پەسىلدە، ئاپتونوم رايون ئىستاتىستىكا قىلغان 57 خىل ئېنېرگىيە مەھسۇلاتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئىچىدە، 32 خىل مەھسۇلاتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 56.1% ئاشقان. ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى سىجىل ئاشقان.

1-پەسىلدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تاش كۆمۈرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14.9% ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12.5 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان؛ كوكس مەھسۇلات مىقدارى 16.6% ئېشىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.2 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان؛ خام نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 5.9% ئېشىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.0 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان؛ توك تارقىتىش مىقدارى 8.4% ئېشىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.1 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوت كۈچى بىلەن توك چىقىرىش مىقدارى 8.7% ئاشقان، پاكىز ئېنېرگىيەلىك توك چىقىرىش مىقدارى 6.8% ئاشقان.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

چىن چۈەنگو ئاقسۇ ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرگە بايراملىق سالام يوللىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلدۇ: 4-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چىن چۈەنگو ئاقسۇ ۋىلايىتىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان-ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، خەۋپنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان-ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

4-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چىن چۈەنگو ئاقسۇ ۋىلايىتىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: 4-ئاينىڭ 30-كۈنى، چىن چۈەنگو ئونسۇ ناھىيەسى توخۇلا يېزىسىنىڭ قۇرۇل كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئائىلە تۇرسۇن ئەركىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئائىلە كىرىمى، پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەش، كېسەل كۆرسىتىش، داۋالىنىش، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى سەمىمىي سورىدى.
☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

ئاقسۇ شەھەرلىك ئېلېكترونلۇق سودا كەسىپلەر باغچە رايونى، مىنفۇكاڭ يېمەكلىك موگۇ پەن-تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئاقسۇ توقۇمىچىلىق سانائىتى شەھەرچىسىدە، چىن چۈەنگو كارخانا مەسئۇللىرى ۋە ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، كارخانىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت ۋە كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى ھەمدە ئۇلارغا ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرگە بايراملىق سالام يوللىدى. چىن چۈەنگو مۇنداق دېدى: مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىگە قويۇپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، قوشۇلما قىممىتىنى ئۆستۈرۈپ، بازارنى پائال كېڭەيتىپ، خەۋپ-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە سىجىل ياردەم بېرىپ، كارخانا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە جەمئىيەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى يېتەكچىلىكىدىكى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىگەرچى يېزىسى يۇلغۇنلۇق كەنتىدىكى ئالمىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش-ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسىدا، چىن چۈەنگو ئېتىز باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى، مېۋىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئۆستۈرۈش تەننەرخى، بازار پايدىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ، باغۋەنلەرنى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئالما، ياڭاق ئۆستۈرۈش قاتارلىق خاس كەسىپلەرنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، باغ-ئورمانچىلىقنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشتىكى «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ» ۋە «يېشىل بانكا»غا ئايلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھپە

ئاپتونوم رايونىمىز پەن-تېخنىكا پۇل مۇئامىلە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى بەرپا قىلدى

«بىر بېكەت شەكلى»دىكى مۇلازىمەت كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شىي خۇيبىيەن** خەۋەر قىلدۇ: «قەرز پۇل ئىلتىماس قىلغاندىن تارتىپ مەبلەغ ھېساباتقا كىرگىچە پەقەت بىر ھەپتىلا ۋاقىت كەتتى، كارخانىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى مەبلەغ بېسىمى زور دەرىجىدە يەڭگىللىدى» دېدى 4-ئاينىڭ 29-كۈنى، ئۈرۈمچى مىڭخۇا ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئېلېكترون پەن-تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى شۆ جىنرۇڭ بانكىنىڭ يۇقىرى ئىش ئۈنۈمىنى ماختاپ.

مىڭخۇا شىركىتى دۆلەت دەرىجىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى بولۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، نۇرغۇن مەھسۇلاتنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرغاچقا، كارخانىدا مەبلەغ يوچۇقى كۆرۈلگەندى. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىركەت بانكىغا ئىناۋەتلىك قەرز ئىلتىماس قىلىشنى ئويلاشتى، لېكىن قانداق قىلىپ قەرز پۇلنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، قولاي، تېز ئىلتىماس قىلىپ ئېلىپ، شىركەتنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش بىر چوڭ مەسىلە ئىدى.

يېقىندا، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت مەركىزى تەشكىللىگەن بىر قېتىملىق مەخسۇس تۈردىكى پۇل مۇئامىلە يۆلەش سىياسىتى ھەم مەخسۇس تۈردىكى ئىناۋەتلىك قەرز مۇلازىمىتى بويىچە توردا تەربىيەلەش مەزكۇر شىركەت دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى. «بىز پەن-تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلارغا قارىتا قانداق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل يۆلەش سىياسەتلىرىنىڭ بارلىقى، پەن-تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلار قەرز پۇلنى قانداق ئىلتىماس قىلىدىغانلىقى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدا پەن-تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلارغا ماس كېلىدىغان قانداق مەھسۇلاتلارنىڭ بارلىقى قاتارلىقلارنى ئىگىلىدۇق». شۆ جىنرۇڭ مۇنداق دېدى: تەربىيەلەشكە قاتناشقاندىن كېيىن، شىركەت بىرىنچى ۋاقىتتا قەرز پۇل ئىلتىماسى سۇندى. توردا ئىلتىماس قىلىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بىر ھەپتىدىن كېيىن 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش پۇلى ھېساباتقا ئوڭۇشلۇق كىردى، ھازىر بۇ پۇل تەمىنلەش سودىگىرىنىڭ پۇلىنى بېرىش ھەم يېڭى تۈردە ئىش باشلاشقا ئىشلىتىلدى.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

شۆھرەت زاكىر تۇرپان شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى ھەقىقىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلدۇ: 4-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر تۇرپان شەھىرىنىڭ توقسۇن ناھىيەسى، ئىدىقۇت رايونى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، مۇھىم، زور تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش قاتارلىق خىزمەتلەرنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر-ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىنى پۇختا ئىگىلەپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

مەھپۇزەم ئۈمىد ئىشىكىنى ئاچتى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى شىڭ، سۈي يۈنيەن

4-ئاينىڭ 8-كۈنى سائەت 20 لەر ئەتراپىدا، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىسىدىكى بىر مېۋە-چېۋە دۇكىنىدا، خېرىدار چاقىرىش كانىيى توختىماي توۋلاۋاتاتتى، دۇكان خىزمەتچىلىرى خېرىدارلارنى كۈتۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، پۇل ئېلىش پوكىيىنىڭ ئالدى ئۇزۇن ئۆچىرەت بولۇپ كەتكەنىدى.

پۇل يىغقۇچى مەھپۇزەم ئەبەيدۇللا قىزىل جىلىتكە كىيىۋالغان بولۇپ، پۇل ئېلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. مەھپۇزەمنىڭ مۇئامىلىسى قىزغىن، پۇت-قولى چاققان ئىدى. ئىسمىنا ئالماشقاندىن كېيىن، مەھپۇزەم خۇشال ھالدا مۇخبىرغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلدى، ماسكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى «ئاي»دەك چىرايلىق بولۇپ، قاراشقىلا شادىمان قىز ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

مېۋە-چېۋە دۇكىنىنىڭ مۇنەۋۋەر خىزمەتچىسى

بولتۇر يىل ئاخىرىدا مەھپۇزەم ئاقسۇ شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، بىر مەھەل مۇۋاپىق خىزمەت تاپالمىدى. ئۇنىڭ بىر دوستى بۇ مېۋە-چېۋە دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا دۇكانغا ئادەم ئالىدىغانلىقنى ئېيتىپ، ئۇنى دۇكاندا ئىشلەشكە تونۇشتۇردى. ئىلگىرى سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلىپ باقمىغاچقا، مەھپۇزەم دىلىغۇللۇق ئىلكىدە دۇكانغا خىزمەت ئىزدەپ كەلدى، پۇتۇڭخۇانى ياخشى سۆزلىگەچكە ئۇ يۈزتۇرا ئىمتىھاندىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

(ئاخىرى 3-بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشتىكى بىرىنچى پوستتا چىڭ تۇرۇش

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن

4-ئاينىڭ 30-كۈنى سائەت 9 دا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نيۇ شياۋشەن ئىش ئورنىغا كېلىپ بولدى، ئۇ «1-ماي» مەزگىلىدىكى نۆۋەتچىلىك جەدۋىلىنى يەنە ئازراق تەڭشىدى. «ھېيت-بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ بىز بوشىشىپ قالساق بولمايدۇ، ئىش ئورنىدىكى خادىملارنىڭ جەزمەن تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى نيۇ شياۋشەن.

سائەت 10 لار ئەتراپىدا، نيۇ شياۋشەننىڭ تېلېفونى سايرىدى. «ماقۇل، مەن ھازىرلا بارىمەن.» نيۇ شياۋشەن قولىدىكى ئىشنى قويۇپ، تازىلىق رايونىدا تېزدىن مۇداپىئەلىنىش كىيىمىنى كىيىپ، ئىككى ئارىلىق رايوندىن ئۆتۈپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىگە كىردى.

ئەسلىدە قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى 14 ياشلىق بىر بالىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، بالىنىڭ گېلى قىچىشىپ، دېمى سىقىلغانلىقتىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن ئىكەن،

(ئاخىرى 4-بەتتە)

ئەمگەكچىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز

نۆۋەتلىك تاشيول تۆر قۇرۇلۇشچىلىرى:

ئىسمىنا قوشۇپ ۋاقىتنى ئۇزارتىپ ئىشلەپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى ئالدىغا سۈرىمىز

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ

«خېبى ئاكا»، ئاۋۇ چىڭداش ماشىنىسى رېمونت قىلىنىپ بولدى، سىز ئىش ئورۇنلاشتۇرۇڭ.» 4-ئاينىڭ 30-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، S21 ئالتايدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيولنىڭ 8-بۆلىكىدىكى قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا، «خېبى ئاكا» دەپ ئاتالغان تۆر ئىش باشلىقى خو يۇڭچاۋ خىزمەتداشلىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرھال بېرىپ ماشىنىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە قۇرۇلۇش قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ يىل 36 ياشقا كىرگەن خو يۇڭچاۋ 2006-يىلى تاشيول قۇرۇلۇشى ساھەسىگە كىرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە، يەتتە-سەككىز نۆۋەتلىك تاشيول تۆر قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان بولۇپ، دالىدىكى كۈچلۈك ئاپتاپتا ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ كەتكەچكە، كۆپچىلىك چاقچاق قىلىپ ئۇنى «خېبى ئاكا» دەپ چاقىرىشاتتى. ئۇ 2017-يىلى شىنجاڭغا كېلىپ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى، بۇ يىل يەنە S21 ئالتايدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيول تۆرىگە يۆتكەلدى.

(ئاخىرى 4-بەتتە)

5-ئاينىڭ 1-كۈنى، قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونىنىڭ شىنمىن 6-يولىدىكى قومۇل شەھەر ئاھالىلىرى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى بىنانىڭ ئۆگزىسىدە قۇرۇلۇش قىلماقتا. ☐ لى خۇا فوتوسى